# ئادۋوكاتلار لېكسىيە ئۆمىكى
# ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى «ئۇنىغا كىرگۈزۈش» تەشۋىقات پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **سۈي يۈنيەن** خەۋەر قىلىدۇ: 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتى «ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى لايىھە» ئۇقتۇرۇشىنى بېسىپ تارقىتىپ، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى ئادۋوكاتلار لېكسىيە ئۆمىكى تەشكىللەپ، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى «ئۇنىغا كىرگۈزۈش» تەشۋىقات پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى «جەمئىيەت تۇرمۇشىنىڭ قامۇسى» دەپ تەرىپلىنىدىغان بولۇپ، ئۇ، جۇڭگو قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشى ۋە جەمئىيەت مەدەنىيلىك تەرەققىياتىنىڭ ئابىدىسى. شىنجاڭ ئادۋوكاتلار جەمئىيىتى، ھەرقايسى ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)لىك ئادۋوكاتلار جەمئىيەتلىرى ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى ئادۋوكاتلار لېكسىيە ئۆمىكى تەشكىللەپ، ئادۋوكاتلارنىڭ كەسپىي ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنىڭ سىستېمىسى، ئالاھىدىلىكى، يېڭى بەلگىلىمىسى ۋە ئۇنىڭ مۇھىم ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىنى چۆرىدەپ، تور ۋە تور سىرتىنى بىرلەشتۈرۈپ، سىستېمىلاشقان، دائىملاشقان ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى بويىچە قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، جانلىق، قىزىقارلىق قىلىپ، ئاممىباب تىلدا چۈشىنىشلىك تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىدىكى ھوقۇق ـ مەنپەئەت ئېڭى، قائىدە ئېڭى، سەممىيەت ئېڭى، ئىناقلىق ئېڭى جەمئىيەتتىكى ئاممىنىڭ تۈرلۈك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى مىزانىغا ئايلاندۇرۇلدى.

«لايىھە»دىكى تەلەپكە ئاساسەن، شىنجاڭ ئادۋوكاتلار جەمئىيىتى ۋە ھەرقايسى ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)لىك ئادۋوكاتلار جەمئىيەتلىرى كەڭ ئادۋوكاتلارنى «تور + تور سىرتى» «مەركەزلىك ئۆگىنىش + ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش»تىن ئىبارەت ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىشنى قانۇن مۇلازىمىتىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرىدۇ، يۇغۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كەڭ ئادۋوكاتلارنى جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرگە يۈزلىنىپ ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى ئورگانلارغا كىرگۈزۈش، مەكتەپلەرگە كىرگۈزۈش، يېزىلارغا كىرگۈزۈش، مەھەللىلەرگە كىرگۈزۈش، كارخانىلارغا كىرگۈزۈش، تورغا كىرگۈزۈش، ئاممىۋى قاتناش سورۇنلىرىغا كىرگۈزۈش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا ئومۇميۈزلۈك تەشكىللەپ، سەپەرۋەر قىلىپ، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى تەشۋىقاتىنى كۆپ تەرەپتىن ئالغا سىلجىتىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، ھۆكۈمەت قانۇن مەسلىھەتچىسى، ھۆكۈمەت ئادۋوكاتى، شىركەت ئادۋوكاتى، كەنت (ئاھالىلەر كومىتېتى) قانۇن مەسلىھەتچىسى قاتارلىقلارنى ئۈستىگە ئالغان ئادۋوكاتلار كەسپىي رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ «قانۇنچىللىق جەھەتتىن سالامەتلىك تەكشۈرۈش»نى قانات يايدۇرۇپ، تىجارەت خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، تۈگىتىپ، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا كۈچ قوشىدۇ ھەم ئادۋوكاتلارنىڭ مۇرەسسە قىلىش خىزمەت سالمىقى قاتارلىقلارنى زورايتىپ، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك، ئۈنۈملۈك ئىجرا قىلىنىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كۆرسەتمىدە مۇنۇلار ئايدىڭلاشتۇرۇلدى: دۆلەت نۇقتىلىق يۆلەيدىغان ئاممىۋى ئۆل ئەسلىھە تۈرلىرىدىكى كارخانا تاپاۋەت بېجىدا «ئۈچنى كەچۈرۈم قىلىش، ئۈچنى يېرىم كېمەيتىش»، يېزا ئېلېكتر تورىنى ئاسراش ھەققىنىڭ قوشۇلما قىممەت بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش قاتارلىق سىياسەتلەر نامرات رايونلارنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات مۇھىتىنى ئەلالاشتۇردى. يەرنىڭ ئىشلىتىش ھوقۇقى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقارغۇچىلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ئىشلىتىشكە ئۆتۈنۈپ بېرىلسە، قوشۇلما قىممەت بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش، ھۆددە يەر يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقارغۇچىلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ئىشلىتىشكە ئوبوروت قىلىپ بېرىلسە، قوشۇلما قىممەت بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش، يېزا يېرى، ئۆي ھوقۇق تەۋەلىكىنى بېكىتىپ تىزىملاشتا يەر خېتى بېجى ئالماسلىق قاتارلىق سىياسەتلەر نامرات رايونلارنىڭ «قان ئىشلەش» ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشكە كۈچ قوشىدۇ.

قوشۇلما قىممەت بېجىدا كىچىك كۆلەملىك باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ سېتىش سوممىسى چەكلىك سومما ئىچىدە بولسا، قوشۇلما قىممەت بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش، كىچىك تىپتىكى ئاز پايدا ئالىدىغان كارخانىلارنىڭ كارخانا تاپاۋەت بېجىنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش... دۆلەت ئىگىلىك تىكلەش، ئىشقا ئورۇنلىشىشنى سىياسەت جەھەتتىن قوللاش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارغا ئېتىبار بېرىش سىياستى دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئىشسىزلار، مېيىپلەر قاتارلىق نۇقتىلىق كىشىلەر توپى ياكى ئالاھىدە كىشىلەر توپىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى، ئىگىلىك تىكلىشىنى سىياسەت جەھەتتىن يۆلەشنى كۈچەيتىپ، نامرات رايونلاردىكى ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشتىكى ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى كۈچەپ ئاشۇردى.

باج سىياستىدە باج كەچۈرۈم قىلىش، كىرىمنى كېمەيتىپ ھېسابلاش، تەييارلىق فوندىنى باجدىن بۇرۇن چىقىرىۋېتىش، ئاددىي باج ھېسابلاش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق، دېھقان ئائىلىلىرى ۋە كىچىك، ئۈششاق كارخانىلار نۇقتىلىق ئوبيېكت قىلىنىپ، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ۋە سۇغۇرتا، كېپىللىك، ئاز سوممىلىق قەرز پۇل شىركەتلىرىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇشنى پۇل مۇئامىلە جەھەتتىن قوللاش سالمىقىنى زورايتىشىغا ئىلھام بېرىلدى. مەسىلەن، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى دېھقانلارغا بەرگەن ئاز سوممىلىق قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈم كىرىمىدىن قوشۇلما قىممەت بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى كىچىك، ئۈششاق كارخانىلار ھەم يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرگە بەرگەن ئاز سوممىلىق قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈم كىرىمىدىن قوشۇلما قىممەت بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش قاتارلىقلار.

غەربىي قىسىم رايونلاردىكى رىغبەتلەندۈرۈش تۈرىدىكى كەسىپلەرگە كارخانا تاپاۋەت بېجىدا ئېتىبار بېرىش، نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش ئۈچۈن كۆچۈرۈلگەن نامرات نوپۇسلارنىڭ ئالاقىدار كىرىمىدىن شەخسىي تاپاۋەت بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش قاتارلىق سىياسەتلەردە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى رايونلارنىڭ ماس تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇلدى.

كارخانىلارنىڭ شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان نامراتلارنى يۆلەش ئىئانە سوممىسىنى تاپاۋەت بېجىنى ھېسابلاشتىن بۇرۇن ئىسپاتقا ئاساسەن چىقىرىۋېتىش، شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان نامراتلارنى يۆلەش ئۈچۈن ئىئانە قىلىنغان ماللاردىن قوشۇلما قىممەت بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش، شەخسلەر ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق خاراكتېرىدىكى جەمئىيەت تەشكىلاتلىرى ياكى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرى ئارقىلىق بەرگەن ئىئانە سوممىسىنى شەخسىي تاپاۋەت بېجىنى ھېسابلاشتىن بۇرۇن چىقىرىۋېتىش قاتارلىق سىياسەتلەر جەمئىيەتتىكى كۈچلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا پائال قاتنىشىشقا كەڭ يېتەكلەپ، جەمئىيەتتىكى كۈچلەرنى نامراتلارنى يۆلەش بويىچە ئىئانە قىلىش سالمىقىنى زورايتىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، جەمئىيەتتىكى كۈچلەرنىڭ نامراتلارنى يۆلەش رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«كېچىدە مەززىلىك تائاملارنى تېتىش» قاتارلىق باش تېمىلارغا بىرلەشتۈرۈپ، ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ كېچىلىك ئىقتىساد سىستېمىسىنى تېزدىن شەكىللەندۈرۈشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتتى؛ قاراماي شەھىرى چوڭ تىپتىكى سودا سارىيى، تاللا بازىرى، سودا چەمبىرىكىنىڭ پۈتۈن يىللىق كېچىلىك تىجارەت ۋاقتى 200 كۈندىن كەم بولمىغان ھەمدە تىجارەت ۋاقتىنى سائەت 24تىن كېيىنگە ئۇزارتقان تىجارەتچىلەرگە بەلگىلىك ياردەم پۇل بەردى؛ قەشقەر ۋىلايىتى كېچىلىك ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى بىرلەشتۈردى، تۈرلۈك كېچىلىك ئىقتىساد سورۇنلىرى ھازىر نامرات ئاممىدىن 12 مىڭ 600 ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئايلىق كىرىم 3000 يۈەندىن ئاشتى... «يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەش» ۋە كۈچلۈك سىياسەت مەددىتى ھەرقايسى جايلارنىڭ كېچىلىك ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى.

**سۈپەتلىك ماركا يارىتىش ئۈلگە كۆرسىتىپ يېتەكلەش**

ئىلگىرىكى «قارىغۇلارچە كۆپىيىش» ئەندىزىسىگە ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇنۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، كېچىلىك ئىقتىسادنىڭمۇ ئوخشاشلا سۈپەتلىك ماركا يارىتىپ، ئۈلگە كۆرسىتىپ يېتەكلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا توغرا كېلىدۇ.

ئۈرۈمچى شەھەر ئاھالىسى جەن شۆجىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، كېچىلىك ئىقتىسادقا بولغان تۇنجى تەسىراتى بالىلىق چاغلىرىدىكى كېچىلىك بازاردىن كەلگەن. «ئەسلىسەم، ئۇ چاغلاردىكى كېچىلىك بازار قىزىيتتى، لېكىن قىزىش بىلەنلا چەكلىنەتتى، تازىلىق، قاتناش، يورۇتۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ھازىرقىغا سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى.» بۈگۈنكى كۈندە، ئاللىقاچان دادا بولغان ئۇ كەچتىكى بوش ۋاقىتلىرىدا، ئاپتوموبىل ھەيدەپ ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ ئۈرۈمچى چوڭ بازار پىيادىلەر كوچىسىغا بېرىپ ئايلىنىپ كېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. «بۇ يەردە ئاپتوموبىل توختىتىش قولايلىق، كەڭ ـ كۇشادە ئايلانغىلى بولىدۇ، پاكىز، تازىلىقى ياخشى، خاتىرجەم يىگىلى بولىدۇ» دېدى جەن شۆجى.

كېچىلىك ئىقتىساد شەھەرگە ھاياتىي كۈچ، سېھرىي كۈچ ۋە ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسىنى ئېلىپ كېلىش بىلەن بىللە، شەھەر ئىدارە قىلىش سەۋىيەسىگە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەرنى قويىدى. مەسىلەن، تاماشا «تىزىملىكى»نى تېخىمۇ موللاشتۇرۇپ، كىشىلەرنى تېخىمۇ كۆپ تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولامدۇ ـ يوق؛ ئاممىۋى قاتناش ئىستېمالچىلارغا ۋە كېچىكىپ ئىشتىن چۈشىدىغان خىزمەتچىلەرگە قولايلىق يارىتىپ بېرەلەمدۇ ـ يوق؛ قانداق قىلغاندا كېچىلىك يېمەك ـ ئىچمەك يايمىلىرىدىن چىققان شاۋقۇن، بۇس قاتارلىقلارنى تېخىمۇ ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، نورمال ئارام ئېلىۋاتقان ئاھالىلەرگە دەخلى قىلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ...

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرى بۇلتۇردىن باشلاپ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كېچىلىك ئىقتىساد ئۈلگە كۆرسىتىش كوچا رايونلىرىنى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، بەرپا قىلىنغان كوچا رايونىنىڭ يورۇتۇش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، قاتنىشىنى ئەلالاشتۇرۇش، يانداش ئەسلىھەلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىقلارنى ئالغا سىلجىتىپ، بىر كوچا رايونىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى بولۇشىنى گەۋدىلەندۈردى.

بىر يىلغا يېقىن يېتىشتۈرۈش، بەرپا قىلىش ئارقىلىق، نۆۋەتتە ئۈرۈمچى چوڭ بازار پىيادىلەر كوچىسى، غۇلجا شەھىرى يېپەك يولى نۇرى ساياھەت بازىرى، قەشقەر شەھىرى قەدىمىي شەھەر جىيۇلۇڭچۈەن كوچا رايونى قاتارلىق 16 كوچا رايونى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تۇنجى تۈركۈمدىكى كېچىلىك ئىقتىساد ئۈلگە كۆرسىتىش كوچا رايونى، دەپ بېكىتىلدى. ئۈلگە كۆرسىتىش كوچا رايونلىرىنىڭ يېتەكلىشى ۋە تۈرتكە بولۇشى بىلەن، زور بىر تۈركۈم ئۆزگىچە كېچىلىك مەنزىرە رايونى، ئۆزگىچە كېچىلىك مەززىلىك تائاملار، ئۆزگىچە كېچىلىك مال سېتىۋېلىش، ئۆزگىچە كېچىلىك مەدەنىيەت پائالىيىتى قاتارلىق كېچىلىك ئىقتىساد تەرەققىيات سۇبيېكتلىرى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا بارلىققا كەلدى.

**ئىلمىي پىلانلاش يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش**

كېچىلىك ئىقتىسادنىڭ جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى قايىنام ـ تاشقىنلىقتا چۆمگەن شەھەرلەردە، بوشلۇقتىن سۈرەتكە تارتىلغان شەھەر چىراغ نۇرى خەرىتىسىدە ئەكس ئېتىپلا قالماي، ئىستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتلاردىمۇ ئەكس ئەتتى.

سانلىق مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 1 ـ ئايدىن 4 ـ ئايغىچە ئىستېمال بازىرى تەدرىجىي ياخشىلانغان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى چەكتىن يۇقىرى ئورۇنلارنىڭ جەمئىيەت ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 33 مىليارد 126 مىليون يۈەن بولغان؛ 1 ـ ئايدىن 4 ـ ئايغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى چەكتىن يۇقىرى يېمەك ـ ئىچمەك كەسپى ماس قەدەمدە ئەسلىگە كەلگەن، چەكتىن يۇقىرى يېمەك ـ ئىچمەك كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليارد 70 مىليون يۈەن بولغان.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز يەنە شەھەرنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، ئىستېمال ئېھتىياجىنى ئۇدۇللاشتۇرۇش جەھەتتە ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىپ، كېچىلىك ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىدۇ.

«بىز ئىلمىي پىلانلاشتا چىڭ تۇرۇپ، كېچىلىك ئىقتىساد تەرەققىياتىنى شەھەر تەرەققىياتى، سودا تور نۇقتىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن زىچ جىپسىلاشتۇرۇپ، بىر تۈركۈم شىنجاڭچە خاسلىققا ئىگە، مۇھىت ئاسراش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش، شەھەر مەمۇرىيىتى ـ مۇھىت تازىلىقى قاتارلىق ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان كېچىلىك ئىقتىساد توپلانغان رايونلارنى قۇرۇپ، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، ماھارەت كۆرسىتىش، ئويۇن قويۇش، ساغلاملىق كۈتۈنۈش قاتارلىقلارنىڭ توپلىشىشقا قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى، كەسىپلەرنىڭ ھەمتۈرتكە بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرىمىز؛ ئەلا سۈپەتلىك تۈرلەرنى ئېچىپ، ‹كېچىلىك ئىقتىساد› دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، يەرلىك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرىدىغان بىر تۈركۈم مەدەنىيەت نادىر ئەسەرلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ يارىتىپ، ئۇنى شەھەرنىڭ كېچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن خەتلىك ۋىۋىسكىسى ۋە ئەڭ چوڭ يارقىن نۇقتىسىغا ئايلاندۇرىمىز؛ كېچىلىك بازار تەرتىپىنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇپ، يانداش تەدبىرلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىستېمالچىلارنى خاتىرجەم قىلىدىغان كۆڭۈل ئېچىش كەيپىياتىنى يارىتىمىز» دېدى ئەسقەر تۇرسۇن.

ھازىر، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرى كېچىلىك ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرىدىغان، ئاۋاتلاشتۇرىدىغان سىياسەت تەدبىرلەرنى تەتقىق قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئىنچىكىلەشتۈرۈپ كېچىلىك ئىقتىساد تەرەققىياتىغا بولغان قوللاش سالمىقىنى داۋاملىق زورايتىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قانۇن ـ نىزاملاردا رۇخسەت قىلىنغان دائىرە ئىچىدە كېچىلىك ئىقتىساد كوچا رايونلىرىدىكى تىجارەت سۇبيېكتلىرىنىڭ ئىجازەت شەرتىنى تۆۋەنلىتىپ، تەستىقلاش تەرتىپلىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتىپ، كېچىلىك ئىقتىساد ئارقىلىق شەھەر كېچىسىنى يورۇتتى.

---

# تيەنيۈ بېيدوۋنىڭ «بېيدوۋ» رىشتى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز شىي خۇيبيەن

6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، بېيدوۋ 3 ـ نومۇرلۇقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر تور تەشكىللەش سۈنئىي ھەمراھىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇپ بېرىلىشى بېيدوۋ يەر شارىۋى سۈنئىي ھەمراھ يول باشلاش سىستېمىسى يۇلتۇز تۈركۈمى ئورۇنلاشتۇرمىسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تاماملانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بېيدوۋ تىلغا ئېلىنسا، كىشىلەر ئۇنى بىزدىن ناھايىتى يىراقتەك ھېس قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە بېيدوۋ يېنىمىزدىلا، تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە مۇلازىمەت قىلىۋاتىدۇ... 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، شىنجاڭ تيەنيۈ بېيدوۋ سۈنئىي ھەمراھ پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى شېن جيې مۇخبىرغا بۇ شىركەت تەتقىق قىلىپ ياسىغان بېيدوۋنى ئاساس قىلغان بىرنەچچە دەل جايىدا ئورۇن بەلگىلەش سىستېمىسىنىڭ تېرمىنال مەھسۇلاتىنىڭ شىنجاڭدىكى قوللىنىلىش ئەھۋالىنى ئېيتىپ بەردى.

بىپايان يايلاقتا توپ ـ توپ قوي ـ كالىلار ئوتلاۋاتقان بولسىمۇ، نەچچە كىلومېتىر دائىرىدە چارۋىچىلارنى كۆرگىلى بولمايتتى، مۇشۇ چاغدا چارۋىچىلار نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ؟ سىز چوقۇم ئويلاپ يېتەلمەيسىز، بۇ چاغدا ئۇلار بەلكىم كۆكتاتلىقنى ئوغۇتلاش بىلەن ئالدىراش بولۇشى ياكى ھويلىدىكى ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدا ئەتكەنچاي ئىچكەچ پاراڭ سېلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن...

يايلاقتىكى قوي ـ كالىلار قېچىپ كەتسە قانداق قىلىش كېرەك؟ ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا چارۋىچىلار ئاتلىق ھەر ۋاقىت قوي پادىسىغا ئەگىشىپ يۈرەتتى؛ بىراق ھازىر، تيەنيۈ بېيدوۋ تەتقىق قىلىپ ياسىغان ئەقلىي ئىقتىدارلىق مال بېقىش تېرمىنالىدىن پايدىلىنىپ، چارۋىچىلار قوي ـ كالىلارنىڭ بوينىغا ئەقلىي ئىقتىدارلىق مال بېقىش سىستېمىسى بېيدوۋ مال بېقىش تېرمىنالى ئېسىپ قويۇپ، ياندىشى سەپلەنگەن يان تېلېفون APPسىدىن پايدىلىنىپ، قوي ـ كالىلىرىنىڭ تۇرۇۋاتقان ئورنىنى ئاسان بىلىپلا قالماي، يەنە ئەڭ يېقىن لىنىيە ئارقىلىق قوي ـ كالىلىرىنى تاپالايدۇ.

شىنجاڭ تيەنيۈ بېيدوۋ سۈنئىي ھەمراھ پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتى 2017 ـ يىلى قۇرۇلغان، شىركەت دىققىتىنى سۈنئىي ھەمراھ خەۋەرلىشىشى، سۈنئىي ھەمراھ يول باشلاش، سۈنئىي ھەمراھ يىراقتىن سېزىش قاتارلىق ئالەم قاتنىشى پەن ـ تېخنىكىسىنى قوللىنىش ۋە ئېچىشقا مەركەزلەشتۈرگەن. سۈنئىي ھەمراھ يول باشلاش ئورۇن مۇلازىمەت سۈپىسى ھەم يەر ئۈلىدىكى كۈچەيتىلگەن تورنى ئاساس قىلىپ، بېيدوۋ ئورۇن بەلگىلەش مۇلازىمىتى ھەمدە تۇرغۇن ھالەتتىكى مىللىمېتىر دەرىجىسى، ھەرىكەت ھالىتىدىكى سانتىمېتىر دەرىجىسى، يامى دەرىجىسىدىكى يۇقىرى ئېنىقلىقتىكى قوللىنىش بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئەقلىي ئىقتىدارلىق مال بېقىش تېرمىنالى بېيدوۋ ئورۇن بەلگىلەشنى ئاساس قىلىپ قوي ـ كالىلارنىڭ ئۈچ تۈرگە ئېرىشىدۇ. شېن جيې مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ سىستېما ئارقىلىق يەنە قوي ـ كالا گۆشى، سۈت قاتارلىق مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنى سۈرۈشتۈرگىلى بولىدۇ، خېرىدارلار ئەقلىي ئىقتىدارلىق مال بېقىش سىستېمىسى سۈپىسى ئارقىلىق سېتىۋالغان قوي ـ كالا گۆشى ئۇدۇللىشىدىغان قوي ـ كالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مۇھىتى ۋە بېقىلىش ئىزى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈپ تاپالايدۇ، تېخىمۇ خاتىرجەم سېتىۋالالايدۇ.

نۆۋەتتە، ئۈرۈمچى شەھىرى ـ ناھىيەسى، ئالتاي قاتارلىق جايلاردىكى قىسمەن چارۋىچىلار كالا، قوي، تۆگە قاتارلىقلارنى يىراقتىن بېقىشنى ئىشقا ئاشۇردى. «شىركەت مەھسۇلاتىنىڭ ئىقتىدارىنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇپ، كەلگۈسىدە بۇ مەھسۇلاتنى ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداشقا ئىشلىتىشنى پىلانلىدى» دېدى شېن جيې.

بۇنىڭدىن سىرت، بۇ شىركەت يەنە ئاقىل ساياھەت ئورۇن بەلگىلەش تېرمىنالىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى، ئورۇن ئۇچۇرىغا ئاساسەن چۈشەندۈرۈشنى قوزغىتىپ، ساياھەتچىلەر پەقەت بىر تىڭشىغۇچ ئارقىلىقلا بارلىق مەنزىرە نۇقتىلىرىنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئارقا سۇپا ساياھەتچىلەرنىڭ ئورۇن بەلگىلەش سانلىق مەلۇماتىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، ساياھەتچىلەرنىڭ قايسى مەنزىرە نۇقتىلىرىغا قىزىقىدىغانلىقىنى ئۇقۇپلا قالماي، يەنە ساياھەتچىلەرنىڭ ھەرىكىتى، قىزىقىشى قاتارلىقلارنى تەھلىل قىلالايدۇ، ساياھەتچىلەرگە شىنجاڭنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى قاراتمىلىق ھالدا يوللاپ بېرىپلا قالماي، يەنە مەنزىرە رايونىنى پىلانلاشقىمۇ يېتەكچىلىك قىلالايدۇ. نۆۋەتتە، بۇ تېرمىنال باينبۇلاق، جامبۇلاق قاتارلىق مەنزىرە رايونلىرىدا كېڭەيتىلىپ قوللىنىلدى.

چارۋىچىلىق، ساياھەتچىلىكتىن باشقا، بۇ شىركەت تەتقىق قىلىپ ياسىغان دەل جايىدا ئورۇن بەلگىلەش تېرمىنالى يەنە يېزا ئىگىلىكىدە ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان بىلەن ئۆسۈملۈك ئاسراشتا كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلدى.

شېن جيې مۇنداق دېدى: بۇلارنىڭ ھەممىسى يۇقىرى ئۆلچەمدىكى بېيدوۋ ئورۇن بەلگىلەش سىستېمىسىنىڭ پايدىسى، تېخىمۇ دەل جايىدا ئورۇن بەلگىلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، 2018 ـ يىلى بۇ شىركەت پۈتۈن شىنجاڭدا بېيدوۋ يەر ئۈلدىكى كۈچەيتىش سىستېمىسى ئاساسىي پونكىتىدىن 129نى قۇردى، نۆۋەتتە ھەممىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

گەرچە بۇ كوللېكتىپ 2017 ـ يىلى تەشكىللەنگەن بولسىمۇ، لېكىن شېن جيېنىڭ «بېيدوۋ» بىلەن رىشتە باغلىغىنىغا ئون نەچچە يىل بولغانىدى، ئۇ مۇنداق دېدى: « ‹نەرسە تورى + 5G›نىڭ ياردىمىدە، بېيدوۋ دەل جايىدا ئورۇن بەلگىلەش سىستېمىسىنىڭ كەلگۈسىدىكى قوللىنىلىشى تېخىمۇ كەڭ بولىدۇ.» دەل مۇشۇنداق قەتئىي ئېتىقاد بولغاچقا، بۇ كوللېكتىپقا دۆلەت ئىچىدىكى نۇرغۇن تېخنىك داكا توپلاندى. «كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى كەلگۈسىدە شىركەت چوقۇم تېخىمۇ كۆپ يادرولۇق تېخنىكىغا ئىگە بولىدۇ، دېگەن بىر خىل ھېسسىياتتا ئىشلەيدۇ» دېدى شېن جيې.